## 8885 ـ كاپىرنىڭ قۇرئاننىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىش

### سۇئال

بىر مۇسۇلمان ئەر مۇنداق دەيدۇ : مەن بىر كاپىرغا قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر نۇسخىسىنى بەرمەكچى بولدۇم ، لىكىن ئۇ : ئەگەر سەن ئەرەپچە ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى مىنىڭدىن ئالمىساڭ ، ئۇنى سىنىڭدىن ئالمايمەن ، ھەمدە سەن ئىنجىلنى ئوقۇمىغىچە ئۇنى ئوقۇمايمەن ، دىدى . ئۇنى قىلىمەنمۇ-يوق ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز بۇ سۇئالنى پىشقەدەم ئالىم شەيخ مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىينگە سۇنغانىدۇق ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، ئۇ تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى :

ئۇ ئۇنى قىلماسلىقى كېرەك ، چۈنكى ئىنجىل مۇسۇلمانغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ،، لىكىن بۇ ئۇ رەزىل ئادەمگە ھېچ قانداق تەسىر قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ، مۇسۇلماننىڭ ئىنجىلنىڭ نۇسخىسىنى ئېلىشىنى مەقسەت قىلغان . شۇڭلاشقا ئۇ ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقى كېرەك .ئەگەر ئۇ توغرىغا ماڭسا ، ئۆزىنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئازسا ، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ .

سۇئال :

ئۇنى ئوقۇشقا كۆڭلىدە ئەمەس ، ئېغىزىدا يالغاندىن قوشۇلسىچۇ ؟

جاۋاپ :

ئۇ ھېچقانداق نەرسىگە قوشۇلمايدۇ ، چۈنكى بۇ ھىلىقى ئادەمنى پەخىرلەندۈرىدۇ .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين